

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

# كۈل قىز

دوستۇم                    گە:

بىز ئىككىمىز چىمەن دوست،
سەن ئالتۇن، مەن كۈمۈش.
دوستلۇق ـ بەخت دەرىخى،
سەن يوپۇرماق، مەن بىر قۇش.

كىتاب كۆڭۈل خۇشلۇقى،
كىتاب ئەقىل بۇلىقى.
بۇ كىتابتا ساقلانسۇن،
ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى.

يىل          ئاينىڭ          كۈنى.

# مۇندەرىجە



كۆل قىز ........................................ 1

قار قىز ........................................ 12

سەئىدنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىسى ........................................ 14

كۆك ساقال ........................................ 25

ئەپسۇن كىتابى ........................................ 34

ئىككى شاھزادىنىڭ ئۇرۇشى ........................................ 40

بەش خىل رەڭلىك تاش ........................................ 46

جېك بىلەن پۇرچاق پېلىكى ........................................ 55

شاھزادە بىلەن تىلەمچى ........................................ 66

ئۇۋچى ھەققىدە ھېكايە ........................................ 70

گۈزەل ۋاسىلىيە ........................................ 77

يېشىل ئۆگزىلىك ئۆي ........................................ 84

جىگدىچىنىڭ ناخشىسى ........................................ 88

شاھزادە ئىۋان ........................................ 91

چۆچەك ئېيتىشقا ئامراق قىزچاق ........................................ 97

ئورمان قىزى ........................................ 104


此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# كۈل قىز

فرانسىيە چۆچىكى (ئەسلىي ئەسەر : بېللونىڭ)

بۇرۇنسىدا بىر قىزچاق ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن . كېيىن ، بىر ھاكاۋۇر ئايال ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى بوپتۇ . ئۆگەي ئانا پەقەت ئۆزىنىڭ ئىككى قىزىنىلا ياخشى كۆرىدىكەن .

قىزچاق ئىنتايىن مۇلايىم ، ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل ئىكەن . ئۆگەي ئانىسى ۋە خۇي - پەيلى ئانىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئىككى قىزى ئۇنى بەك خورلايدىكەن . ئۇ كۈن بويى توختىماي ئىشلەيدىكەن ، پەقەت كەچتىلا ئو-چاق ئالدىدىكى كۈلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالالايدىكەن . شۇڭا ، ھەممەي-لەن ئۇنى «كۈل قىز» دەپ ئاتىشىدىكەن . «كۈل قىز» دېگەن ئىسىم مانا شۇنداق پەيدا بولغانىكەن .



كېچىسى ، كۆل قىز بالىخانىدا پاخالنى يوتقان ـ كۆرپە قىلىپ
ياتىدىكەن . ئۇنىڭ ئىككى ئاچىسىچۇ ؟ ئۇلار گۈللۈك تاختاي يېيد-
ىلغان ئۆيدە ياتىدىكەن . ئۇنىڭ بىردىنبىر مۇڭدىشى — ئاسلىنى
ئىكەن . چۈنكى ، ئۇ دەردىنى دادىسىغا ئېيتىشقا پېتىنالمايدىكەن .
دادىسى پۈتۈنلەي ئۆگەي ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىكەن .
كۆل قىزنىڭ ئۈستۈبېشى جۇل - جۇل ، يۈز - كۆزى كۆل
بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۆزى ئاق كۆڭۈل ، چىرايلىق ھەم ئوماق
قىز ئىكەن . ئۇنىڭ ئىككى ئۆگەي ئاچىسى شۇنچە چىرايلىق كىيد-
ىنىپ يۈرسىمۇ ، گەپ ـ سۆزلىرى قوپال ، ئەدەپسىز ، يۈرۈش -
تۇرۇشى كالامپاي ئىكەن .
بىر كۈنى ، پادىشاھنىڭ ئوغلى تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزمەك-
چى بوپتۇ . تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار قاتارىدا كۆل قىزنىڭ ئىك-
كى ئاچىسىمۇ بار ئىكەن . ئۇلار گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئەڭ
چىرايلىق كىيىملىرىنى تاللاشقا كىرىشىپتۇ . كۆل قىز ئۇلارنىڭ
كىيىملىرىنى دەزماللاپتۇ ، ياقىلىرىنى كىراخماللاپتۇ . ئۇلارچۇ ،
ئۇلار بوي ئەينەكنىڭ ئالدىدىن نېرى كەتمەي ، ئۆزلىرىنىڭ پەرداز-
لىرى بىلەن بەند بوپتۇ .





ئاق كۆڭۈل كۆل قىز ئىككى ئاچىسىنىڭ
چېچىنى چىرايلىق تاراپ قويۇپتۇ . بىراق ، ئا-
چىلىرى ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم ئىللىق قاراپمۇ
قويماپتۇ ، ئۆگەي ئانىسى كۆزىنى چەكچەيتكى-
نىچە قايتا - قايتا جېكىلەپتۇ :
— سەن ياۋاشلىق بىلەن ئۆيدە قال ! «ئۆيدە
قال» دېسەم ، كالىدەك ئېغىناپ ياتماي قاچا -
قۇمۇچلارنى يۇ ، پولنى سۈرت ، ئاچاڭلار تاش-
سىدىن ھېرىپ - چارچاپ كېلىدۇ ، ئۇلارنىڭ
ئورنىنى ئوبدان سېلىپ قوي .
كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغان كۆل
قىز ئۆپكىسى ئاغزىغا كەپلەشكەندەك بولۇپ ،
بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قاپتۇ .
ئۆگەي ئانا ۋە ئىككى قىزى خۇشال - خۇ-
رام ھالدا پادىشاھ ئوردىسىغا مېڭىپتۇ . كۆل
قىز ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغۇچە ئارقىدىن قا-
راپ تۇرۇپ ، ئىختىيارسىز يىغلىۋېتىپتۇ .





ئۆيدە يالغۇز قالغان كۈل قىز قىلسا ـ قىلسا تۈگىمەيدىغان ئۆي ئىشلىـ
ـرى بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلاپتۇ ، ئۇنىڭغا پەقەت ئاسلانلا ھەمراھ بوپتۇ .
تۇيۇقسىز بىر پەرى كۈل قىزنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ .

— قىزچاق ، شامال سىنىڭ ئاھۇزارىڭنى ماڭا يەتكۈزدى . ساڭا نىمە بولدى ؟ — دەپ سوراپتۇ پەرى .

— مەن بەكمۇ… بەكمۇ… ، — كۈل قىز گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قاپتۇ .

— سىنىڭ تانسىغا بەكمۇ بارغۇڭ بار ، شۇنداقمۇ ؟

— ھەئە ، شۇنداق ! — دەپتۇ كۈل قىز ئۇھ تارتىپ .


— غەم قىلما ، سەن چوقۇم بارالايسەن !

پەرى ھېكمەتلىك ھاسىسىنى كۈل قىزغا يەڭگىلگىنە تەگكۈزگەنىكەن ، ئۇستۇبېشى ئاجايىپ پۇزۇر كىيىملەر بىلەن ئورنىنىپ قاپتۇ . پەرى ئۇنىڭغا يەنە دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق بىر جۈپ ماموق كەشىنىمۇ بېرىپتۇ .

— ساڭا بىر مەپىنىمۇ تېپىپ بېرىشىم كېرەك . ھەقىقىي ئېسىلزادە خانقىز تانسا كېچىلىكىگە پىيادە بارسا بولمايدۇ ـ دە ! — دەپتۇ پەرى ، — مۇنداق قىلايلى ، سەن باغدىن بىر كاۋا ئۈزۈپ كەل .



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com



كۆل قىز دەرھال باغقا بېرىپ ئەڭ ياخشى كاۋىدىن بىرنى ئۈزۈپ كەپتۇ . پەرى كاۋىنىڭ ئىچىنى ئويۇۋېتىپ ، پوستىنى قالدۇرۇپتۇ ، ئاندىن ھاسىسىنى كاۋىغا تەگكۈزۈپتۇ . شۇ ھامان ئاجايىپ مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ : كاۋا ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان مەپىگە ئايلىنىپ قاپتۇ .

ئارقىدىن ، پەرى چاشقان تۇتىدىغان قەپەسكە قاراپ ، ئىچىدە ئالتە چاشقاننىڭ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ . ئۇ كۆل قىزنى قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا بۇيرۇپتۇ . بۇ چاشقانلار قەپەستىن چىققاندا ، ئۇ ھاسىسىنى بىرلا تەگكۈزگەنىكەن ، ئالتە چاشقان ئالتە ئاق ئارغىماققا ئايلىنىپ قاپتۇ .

ئەمدى ھارۋىكەشنى نەدىن تېپىش كېرەك ؟

— مەن يەنە بىر قەپەسكە قاراپ باقاي ، — دەپتۇ كۆل قىز ۋە يەنە بىر چاشقان قەپىسىنى ئېلىپ كەپتۇ . ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ چاشقان بار ئىكەن . پەرى بىر چاشقاننى تاللاپ ، ئۇنىڭغا ھاسىسىنى تەگكۈزگەنىكەن ، ئۇ بىر ھارۋىكەشكە ئايلىنىپ قاپتۇ .

كۆل قىز ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشىنەلمەيلا قاپتۇ .

— بولدى ، — دەپتۇ پەرى كۆل قىزغا ، — ھەممە نەرسە تەل بولدى ، تانسىغا بارساڭ بولىدۇ ، قانداق ، خۇشالمۇسەن ؟

— رەھمەت ، مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز !

— مانا ئەمدى سەن تانسىغىمۇ بارالايسەن ، شاھزادە بىلەنمۇ كۆرۈشەلەيسەن ، — دەپتۇ پەرى كۆل قىزغا ، — سېنىڭ گۈزەللىكىڭ ئۇنى مەپتۇن قىلىۋالىدۇ . لېكىن ، سەن كېچە سائەت ئون ئىككىدىن بۇرۇن ئوردىدىن ئايرىلىشىڭ كېرەك . بىر مىنۇت كېچىكسەڭ ، مەپەڭ كاۋىغا ، ھارۋىكەش ۋە ئارغىماقلار قايتىدىن چاشقانغا ئايلىنىپ قالىدۇ ، سەنمۇ چىرايلىق كىيىم ۋە بۇ بىر جۈپ نەپىس مامۇق كەشنى كىيگەن ساھىبجامال قىز ئەمەس ، بەلكى بۇرۇنقىدەك جۇل - جۇل كىيىم ۋە چورۇق كىيگەن قىز بولۇپ قالىسەن !



كۆل قىز مەپگە ئولتۇرۇپ ئوردىغا بىردەمدىلا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ تانسا زالىغا كىرگەندە، پۈتۈن زال بىرپەس ئىمتاسلىققا چۆمۈپتۇ. تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ قەدىمى توختاپ قاپتۇ، ئىسكىرىپكىمۇ سادادىن توختاپتۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە نازاكىتىنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئەقلى لال بولۇپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ. زالدىن پەقەت «ئاھ، ئۇ نېمىدېگەن گۈزەل!» دېگەن شىۋىرلاشلارنىلا ئاڭلىغىلى بولىدىكەن. بارلىق ئېسىلزادە خانىملار ئۇنىڭ زىبۇزىننەت ۋە كىيىملىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ، يېتەرلىك ئېسىل رەختلەرنى سېتىۋالسا ۋە ئالىي دەرىجىلىك سەيپۇڭلارنى تاپالىسا، ئەتىسىلا ئۇنىڭكىگە ئوخشىتىپ كىيىم تىكتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

ھەممە كىشىنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتكەن بۇ قىزنى ئۇنىڭ ئىككى ئاچىسى ۋە ئۆگەي ئانىسىمۇ تونۇيالماپتۇ. ئۇلار بۇ قىزنىڭ ئۇستۇبېشى ۋەيرانە ھېلىقى كۆل قىز ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ!

شاھزادە كۆل قىزنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا مەپتۇن بوپتۇ. ئۇ كۆل قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ ھەم ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىپتۇ.



كۆل قىز تانسىنى شۇ قەدەر نەپىس ئويناپتۇكى، ھەممەيلەن ئىختىيارسىز ماختىنىشىپ كېتىپتۇ.

كۆل قىز ئىككى ئاچىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىپتۇ، يەنە شاھزادە ئۆزىگە بەرگەن ئورۇندۇق ۋە لىموننى ئۇلارغا بېرىپتۇ. ئىككى ئاچىسى ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ، ئەمما بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى زادىلا بىلەلمەپتۇ.

ئۇنىڭ گۈزەل جامالى ۋە ئېسىل خۇلق - مىجەزى شاھزادىنى تېخىمۇ ئەسىر قىلىۋاپتۇ. ئۇ پۈتۈن تانسا كېچىلىكىدە پەقەت كۆل قىز بىلەنلا تانسا ئويناپتۇ.

— گۈزەل خانقىز، ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ قايتا - قايتا سوراپتۇ شاھزادە تانسا ئويناۋېتىپ.

— مېنىڭ كىم بولۇشۇمنىڭ نېمە كارايىتى بار، شاھزادە؟ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى قايتا كۆرەلمەيسىز، — كۆل قىز پەقەت شۇ جاۋابتىن ئۆزگە ھېچنېمە دېمەپتۇ.

لېكىن، ساھىبجامال كۆل قىزنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان شاھزادە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىغا قەسەم قىپتۇ.

بۇ كەچتە كۆل قىز بېرىلىپ تانسا ئويناپتۇ، چەكسىز خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم، دەپ ھېس قىپتۇ...

تۇيۇقسىز، ئۇ ئوردىنىڭ چوڭ سائىتىنىڭ داڭ ئۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

ئاھ، يېرىم كېچە بوپتۇ!



كۆل قىز پەرىزاتنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئاپتۇ – دە ، «خەير – خوش» مۇ دېمەي يۈگۈرگەن پېتى شاھ قەسرىدىن چىقىپتۇ . ئۇ پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتقاندا مامۇق كەشىنىڭ بىر پېيى چۈشۈپ قاپتۇ ، ئەمما ئۇ بۇنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەپتۇ .

شاھزادە ئارقىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ئوردا قاراۋۇللىرىدىن بىر مەلىكىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن – كۆرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ .

— ئۈستۈبېشى ۋەيرانە بىر قىز يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى ،

— دەپتۇ قاراۋۇللار ، – ئۇنى مەلىكە دېگەندىن كۆرە ، سەھرا قىزى دېگەن تۈزۈك .

شاھزادە ھەسرەتلەنگەن ھالدا كەينىگە يانغاندا ، بىردىنلا پەلەمپەيدە تۇرغان ، بايىقى قىزنىڭ بىر پاي مامۇق كەشىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنى ئاۋايلاپ قولىغا ئاپتۇ .

كۆل قىز ئۆيىگە يېتىپ بارغان چاغدا ، ھاسىراپ دېمىنىمۇ ئالالماي قاپتۇ . مەپە بىلەن مەپىكەش كۆزدىن غايىب بوپتۇ . كۆل قىز پەقەت بىر پاي مامۇق كەش بىلەنلا قاپتۇ .

كۆل قىزنىڭ ئىككى ئاچىسى تانسىدىن قايتىپ كەپتۇ . ئۇلار بىر ساھىبجامال مەلىكىنىڭ كەلگەنلىكىنى ، بىراق سائەت ئون ئىككى بولغاندا ئالدىراپ – تېنەپ كېتىپ قالغانلىقىنى ، ئالدىراشلىقتا ھەتتا بىر پاي مامۇق كەشىنى چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ، شاھزادىنىڭ مامۇق كەش كىيگەن مەلىكىگە قاتتىق ئاشىق بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ .





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com



ئۇلار توغرا ئېيتقانىكەن . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، شاھزادە قايسى
قىز ئاشۇ كەشنى كىيەلىسە ، ئۇنىڭ قانداق ئائىلىدىن كېلىپ چىققىشىدىن
قەتئىينەزەر ، شۇ قىز بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ .
شاھزادىنىڭ مۇلازىملىرى بىر پاي ماموق كەشنى بارلىق مەلىكىلەرگە
كىيگۈزۈپ سىناپ بېقىپتۇ ، يەنە بارلىق مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ قىزلىرى-
غا ، ئاخىرىدا ئوردىدىكى ھەممە خانقىزلارغا كىيگۈزۈپ بېقىپتۇ ، بىراق
ھېچقايسىسىغا توغرا كەلمەپتۇ .
بىر كۈنى مۇلازىملار كۈل قىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ . ئۇنىڭ ئىككى ئاچە-
سى تالىشىپ ماموق كەشنى كىيىپ بېقىپتۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭمۇ قۇرۇقتىن-
قۇرۇق جاپا تارتقىنى قاپتۇ .
كۈل قىز بۇ ئۆزىنىڭ كەشى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قاپتۇ - دە :
- مەن سىناپ كۆرەي ، پۇتۇمغا كېلەرمىكىن ! — دەپتۇ كۈلۈپ .
كۈل قىز ئىككى ئاچىسىنىڭ تەنە - مەسخىرىلىرى ئىچىدە كەشنى
كىيىپ بېقىپتۇ . چۈنكى ، شاھزادە بارلىق قىزلار ، مەيلى ئۇلار ئېسىلزادە
ياكى تۆۋەن تەبىقىدىن بولسۇن ، ئوخشاشلا كىيىپ بېقىشى كېرەك ، دەپ
ئەمر قىلغانىكەن .
ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ ! مۇلازىملار كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ : ما-
موق كەش كۈل قىزنىڭ پۇتىغا چوڭمۇ ئەمەس ، كىچىكمۇ ئەمەس ، دەللا
كەپتۇ !


ئىككى ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ . كۈل قىز يانچۇقىدىن يەنە بىر پاي مامۇق كەشنى چىقىرىپ ، يەنە بىر پۇتىغا كىيگەندە ، ئۇلار تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ . توۋا ، ئۇستۇبېشى ۋەيرانە كۈل قىز راستىنلا تانسا كېچىلىكىدىكى ھېلىقى ساھىبجامال قىزنىڭ ئۆزى ئوخشىمامدۇ ؟ !

كۈل قىزنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا جاۋۇلداپ كېتىپتۇ :

— ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان بۇ كۈل چىراي قىزنىڭ تانسا كېچىلىكىگە بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ! شاھزادىگە ئېيتىڭلار ، ئۇ مېنىڭ قىزلىرىمنىڭ بىرى بىلەن توي قىلسۇن !

تۇيۇقسىز پەرى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بوپتۇ . ئۇ سېھىرلىك ھاسىسىنى بىر پۇلاڭلاتقانىكەن ، كىشىلەر كۈل قىزنىڭ ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا نازاكەت بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ . ئۇ بەئەينى كۆكتىن چۈشكەن پەرىگىلا ئوخشايدىكەن .

كۈل قىزنىڭ ئۆگەي ئانىسى ۋە ئىككى ئاچىسى تانسا كېچىلىكىدىكى ھېلىقى چىرايلىق قىزنىڭ دەل كۈل قىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ ! ئۇلار كۈل قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ، بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى خورلىغانلىقىنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ . كۈل قىز ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قۇچاقلاپتۇ ۋە ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن كەچۈرۈۋەتكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىنى مەڭگۈ ياخشى كۆرۈشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ .



مۇلازىملار گويا چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولۇپ، كۆل قىزغا:

— بىز بىلەن مېڭىشىڭىزنى سورايمىز. شاھزادە ئالىيلىرى سىزنىڭ قولىڭىزغا توي ئۈزۈكى سېلىپ قويۇشنى كۈتمەكتە! — دەپتۇ.

كۆل قىز بىلەن شاھزادىنىڭ تويى ناھايىتى تېزلا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تويغا كەلگەن ھەممە مېھمانلار كېلىشكەن شاھزادە بىلەن كۆل قىزنى ئىختىيارسىز ماختىشىپ، ئۇلارنى ئەڭ ماس كەلگەن بىر جۈپ ئىكەن، دېيىشىپتۇ.

توي مۇراسىمىدا، كۆل قىز نەپىس، ئۆزگىچە بولغان ھېلىقى ماۋۇق كەشنى كىيىپتۇ!

كۆل قىز ھەم چىرايلىق، ھەم ئاق كۆڭۈل ئىكەن. ئۇ ئىككى ئاچىسىنى ئوردىدا تۇرۇشقا ئاپىرىپتۇ ۋە ئۇلارنى ئوردىدىكى ئىككى ئاقسۆڭەككە ياتلىق قىلىپ قويۇپتۇ.





# قار قىز

## ياۋروپا چۆچىكى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ، بىر شەھەردە چىرايلىق باغچىسى بار بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆتكەنىكەن . ياز كۈنلىرى ئۇلارنىڭ باغچىسىنى رەڭگارەڭ گۈللەر قاپلاپ ، ئەتراپقا خۇش پۇراق تارقىتىدىكەن . قىش كۈنلىرى قاتتىق قار ياغقاندىن كېيىن ، باغچىدىكى دەل - دەرەخلەر كۈمۈش رەڭگە كىرىپ بەك گۈزەل بولۇپ كېتىدىكەن .

بىر قىش كۈنى باغچىدا ئويناۋاتقان ئاچا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ قاردىن بىر قىز بالىنى ياسىغۇسى كەپتۇ .

— يەنە بىرەيلەن بولسا ، ئويۇنىمىز تېخىمۇ قىزىق كېتەتتى - ھە ، ئاچا ؟ — دەپتۇ ئوغۇل بالا ئاچىسىغا .

— راست دەيسەن ، — دەپتۇ قىزچاق ، — ئەمىسە ، بىز قار قىز ياسايلى .

شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار راستتىنلا بىر قار قىزنى ياساپتۇ . قار قىز دېسەم ، ھەممىلا يېرى كۈمۈشتەك ئاق بىر قىز دەپ قالماڭلار ، ئۇنىڭ گۈزەل چىرايى ۋە ئۇزۇن چاچلىرى بار بولۇپ ، خۇددى بىر تىرىك قىزچاقىلا ئوخشايدىكەن .

قىزچاق قار قىزنى سۆيۈپ قويغانىكەن ، ئۇنىڭ لەۋلىرى قىزىل بولۇپ قاپتۇ ، يەنە تېخى چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ ، ۋۇجۇدىغا جان كىرىپتۇ !



ئاچا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ھەم ھەيران ، ھەم خۇشال بوپتۇ . ئاندىن كېيىن ،
ئۇلار قار قىز بىلەن بىللە ئويناشقا باشلاپتۇ .

ئۇزاق ئۆتمەي ، بالىلارنىڭ دادىسى كېلىپ قاپتۇ . ئۇ قار قىزنى قوشنىد-
سىنىڭ قىزى دەپ قاپتۇ .

— ئۆيگە كىرىپ ئىسسىنىۋېلىپ ، ئاندىن ئويناڭلار ، — دەپتۇ ئۇ ۋە
قار قىزنىمۇ ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ ، — سىزمۇ كىرىڭ ، توڭلاپ مەڭزىلىرى-
ڭىز قىزىرىپ كېتىپتۇ .

قار قىز چۆچۈگەندەك قىياپەتتە قول ئىشارىسى قىلىپ ، ئۇنىڭ تەكلىپى-
نى رەت قىپتۇ . لېكىن ، بالىلارنىڭ دادىسى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن
تارتىپ ئۆيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ :

— ۋاي ـ ۋۇي ، قولىڭىز ئەجەب توڭلاپ كېتىپتۇ ، چاققان ئۆيگە
كىرىڭ ! ئۆيىمىزنىڭ تام مېشى سىزنى تېزلا ئىسسىتىپ قويىدۇ !

قىزچاق قايغۇرغان ھالدا ئۇھ تارتىپتۇ . ئۇ ئۆيگە كىرىپ دېرىزىنىڭ
قېشىدا تۇرۇپتۇ ۋە سىرتتىكى كۈمۈش رەڭ دۇنياغا قارىغىنىچە ئۈن ـ
تىنسىز ياش تۆكۈشكە باشلاپتۇ .

ئۇ ئاستا ـ ئاستا قار سۈيىگە ئايلىنىپتۇ ـ دە ، قار قىزدىن ھېچقانداق
ئەسەر قالماپتۇ...





# سەئىدنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىسى

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلىي ئەسەر: خاۋفنىڭ)

بۇرۇنىسىدا، شەرقتىكى قەدىمىي بىر ئەلدە باينەزەر ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئايالىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ئەر - جوتۇن ئىككىيلەن ئىجىل - ئىناق ئۆتىدىكەن، ئۇلارنىڭ هال - كۇنىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن. شۇغىنىسى، ئۇلار خېلى ئۇزاق يىللارغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەي، كۇنلىرىنى ئارمان ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئايالى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىكەن، باينەزەر خۇشاللىقىدا پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىۋېتىپتۇ.

باينەزەر ۋە ئۇنىڭ ئايالى شۇنىڭدىن كېيىنكى كۇنلەرنى بىر خىل تەقەززالىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىر بىر كۇنى باينەزەرنىڭ ئايالى ئوماق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۇنىڭغا «سەئىد» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. تۇغۇلۇشىدىلا ئۇنىڭ بوينىغا كۇمۇش يىپ ئۆتكۈزۈلگەن كىچىك پۈشتەك ئېسىقلىق ئىكەن. بۇ سېھىرلىك پۈشتەك ئېھتىمال بىر پەرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سوۋغىسى بولسا كېرەك.

بانىكانىڭ ئايالى پۈشتەكنى ئوغلىنىڭ بوينىدىن ئېلىپ ئېرىگە بېرىپتۇ ۋە: «بۇنى ئوغلىمىز ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە بېرەيلى» دەپتۇ.





需要完整PDF请访问：www.ertongbooks.com